


# ئىككى ئەۋلاد كىشىنىڭ قېرىنداشلىق مېھرىنى داۋاملاشتۇرۇش

□ ئاقسۇ مۇخبىرلار پونكىتىدىن جاڭ جىڭ، ئىختىيارىي مۇخبىر سۇڭ شۈتىڭ

«بىزنىڭ ھېكايىمىز رومانلاردىكىدەك قالتىس بولمىسمۇ، لېكىن تەپسىلىي ئويلاپ باقسام، ئاشۇ نۇرغۇن ئاددىي كىچىك ئىشلار قەلبىمىزنى بىر ـ بىرىگە مەھكەم باغلاپتۇ» دېدى 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى ئونسۇ ناھىيەسى توپخان بازىرى شالبۇلاق كەنتىنىڭ سابىق كەنت پارتىيە ياچېيكا شۇجىسى كۇك چىڭدې.

كۇك چىڭدېنىڭ دەۋاتقىنى ئۇ ۋە كەنت ئاھالىسى سەپەر غوپۇر بولۇپ، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىدىن باشلاپلا ئۇلار ياخشى دوست ئىدى. 40 يىلدىن بۇيان، ئۇلار ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇشتا ئۆزئارا ياردەم بېرىپ، يىراق ـ يېقىنغا تونۇلغان بىر جۈپ ياخشى قېرىنداشقا ئايلاندى.

كۇك چىڭدېنىڭ ئەسلىشىچە، ئالدىنقى ئەسىرنىڭ 80 ـ يىللىرىنىڭ باشلىرىدا، سەپەر ئۇنىڭ بىر كۇب مېتىر قوي قىغى سېتىۋېلىشقا 180 يۈەن خەجلەيدىغانلىقىنى ئاڭلاپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە بازارغا بېرىپ، سۆزلىرىنى تەرجىمە قىلىپ بەرگەچكە، ئۇ بىر كۇب مېتىر قوي قىغىنى 120 يۈەن باھادا ئوڭۇشلۇق سېتىۋالغان. «ئەينى يىللاردا 60 يۈەن كۆپ پۇل ئىدى، بۇ قېرىندىشىمنىڭ كۆڭلى ياخشى بولغاچقا، مېنىڭ زىيان تارتىشىمغا كۆزى قىيمىدى» دېدى كۇك چىڭدې.

شۇنىڭدىن ئېتىبارەن، سەپەر كۇك چىڭدېنىڭ تەرجىمانى بولۇپ قالدى، كىچىككى كۆكتات سېتىۋېلىش، قوغۇن ـ تاۋۇز سېتىشتىن، چوڭى نەچچە ئون تونىنا شال سېتىشقىچە، ئۇلار دائىم بىللە بولدى، يەنە دائىم چاقىرىشىپ بىللە بازار ئارىلىدى، شۇ ئارىلىغىنچە 40 يىل ئۆتتى.

«باشقىلار مېنى ھەقسىز ياردەم قىلىۋاتىدۇ دەيدۇ، ۋىجدانىم بىلەن دېسەم، ئەمەلىيەتتە مەن ئىنچىل ئاكامنىڭ پايدىسىنى كۆرۈۋاتىمەن» دېدى سەپەر.

30 يىلنىڭ ئالدىدا، سەپەر پادىچىدىن دېھقانغا ئۆزگەردى، لېكىن ئۇ ئېتىز ئىشلىرىنى بىلمىگەچكە، يېرىگە قاراپ تىت ـ تىت بولاتتى. كۇك چىڭدې بۇنى بىلگەندىن كېيىن، سۇ تۇتۇش، يەر ئاغدۇرۇش، ئوغۇتلاش، زىرائەتلەرنى پەرۋىش قىلىش، شاخ تارتىش قاتارلىق ئىشلارنى سەۋرچانلىق بىلەن قولمۇقول ئۆگەتتى. مېۋىلىك دەرەخ تىكىش مەغلۇپ بولغاندىن كېيىن، كۇك چىڭدې سەپەرنى ئۆستەڭ توسمىسىغا قاراشقا تونۇشتۇردى، بۇنىڭدىن ھەر ئايدا 900 يۈەن ئەتراپىدا كىرىم قىلغىلى بولاتتى، بۇ، كېچىسى ئۆستەڭگە قاراپ، ۋاقتى قەرەلىدە سۇ قويۇپ بېرىدىغان، قىلچە بىخەستەلىك قىلىشقا بولمايدىغان ئىش بولغاچقا، سەپەرنىڭ بۇ ئىشتىنمۇ رايى ياندى، كۇك چىڭدې بۇنى بىلگەندىن كېيىن، دەرھال توسمىغا بېرىپ، كېچە ـ كېچىلەپ ئۇنىڭغا ھەمراھ بولۇپ توسمىنى ساقلىدى.

2006 ـ يىلى، سەپەر ئوغلىنىڭ توينى قىلدى، شۇ كۈنى سەھەردە كۇك چىڭدې تۇنجى بولۇپ ئۇنىڭ دەرۋازىسىنى چېكىپ: «بۈگۈن چوڭ جىيەنىمنىڭ تويى، چوقۇم ئالدىراش بولۇپ كېتىسىلەر، مەن ياردەملىشىدىغان نېمە ئىش بار؟» دېدى. كەنتتىكى مېھمانلار ئايىغى ئۈزۈلمەي سەپەرنىڭ ھويلىسىغا كىرىشكە باشلىغاندا، كۇك چىڭدې ئۇلار بىلەن بىر ـ بىرلەپ سالاملىشىپ، چاي قۇيدى، سۇ سۇندى.

چوڭلارنىڭ تەسىرىدە، كۇك چىڭدېنىڭ ئوغلى كۇك فەنجۈن بىلەن سەپەرنىڭ ئوغلى پەرھات سەپەرمۇ ناھايىتى يېقىن دوست بولدى، ئىككىيلەن كىچىكىدىنلا بىللە ئوقۇدى، بىللە ئوينىدى، شالبۇلاق كەنتىدىكى پېشقەدەم كەنت ئاھالىلىرى بۇ قېرىنداشلارنىڭ بالىلىقتىن قۇرامىغا يېتىپ، توي قىلىپ بالىلىق بولۇشىغىچە گۇۋاھ بولدى.

ئىلگىرى كەنتتە ئۇلار سايىدەك بىر ـ بىرىدىن ئايرىلمايتتى، ھازىر، ئىككى ئائىلە كىشىلىرى ئونسۇ ناھىيە بازىرىدا يەنە قوشنا بولدى. كۇك چىڭدې ئائىلىسى ناھىيە بازىرىدىكى ۋېنشىن گۈللۈكىدىن ئۆي سېتىۋالغاندىن كېيىن، سەپەر ئائىلىسىمۇ ۋېنشىن گۈللۈكىدىن بىر يۈرۈش ئۆي ئىجارە ئالدى. ئۇلار، بىللە تۇرساق ئاندىن خۇشال بولىمىز دېيىشتى.

«دادام بۇ يىل دىيابېت كېسىلى ۋە يۇقىرى قان بېسىمى سەۋەبىدىن ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى، ئۆيىمىزدىكىلەر بىر تەرەپتىن دادامنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىپ، بىر تەرەپتىن ئەتىيازلىق تېرىلغۇ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش بولۇپ كەتتۇق، كۇك فەنجۈن بۇ ئىشتىن خەۋەر تاپقاندىن كېيىن، دەرھال خوتۇنى بىلەن بىللە كېلىپ ئائىلىمىزنىڭ يەر ئاغدۇرۇش، زىرائەتلەرنى پەرۋىش قىلىش، ئوغۇتلاش، ئۇرۇق چېچىش ئىشلىرىغا ياردەملەشتى، بۇنىڭ بىلەن ئېتىز ئىشى ئاقساپ قالمىدى، مانا ياخشى قېرىنداش مۇشۇنداق بولىدۇ» دېدى پەرھات.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈشنىڭ ‹بىخەتەرلىك تورى›نى يەنىمۇ زىچ توقۇپ، پۇختىلاپ، خەۋپ ـ خەتەرگە تاقابىل تۇرۇش ئىقتىدارى بىرقەدەر ئاجىز بولغان ئالاھىدە كىشىلەر توپى ۋە قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈردۇق» دېدى ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن ئىدارە باشلىقى لى يۇڭفېڭ.

ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكىسىغا ئاساسلانغاندا، ئاپتونوم رايونىمىز بۇ يىل قىيىنچىلىقى بار ئاممىغا 8 مىليارد 510 مىليون يۈەن قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ياردەم پۇلى ئاجرىتىپ، ئۇنى شەھەر ـ يېزىلاردىكى تۆۋەن كاپالەت، يېتىم بالىلارنىڭ ئاساسىي تۇرمۇش كاپالىتى، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنى قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، بېقىش، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش، سەرگەردان تىلەمچىلەرنى قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشكە بىرتۇتاش پىلانلاپ ئىشلەتكەن.

يۇقۇم يۈز بەرگەندىن بۇيان، ئاپتونوم رايونىمىز تۆۋەن كاپالەتنىڭ كاپالەتلەندۈرۈش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ۋاقىتلىق تۆۋەن كاپالەت سىياسىتىنى تۈزۈپ ئوتتۇرىغا قويۇپ، ھەربىر ئادەمگە ھەر ئايدا 450 يۈەنلىك ئۆلچەم بويىچە، يۇقۇمنىڭ تەسىرىدە سىرتقا چىقىپ ئىشلەشكە ئامالسىز قالغان، كىرىمى يوق، تۇرمۇش مەنبەسى يوق، ئاساسىي تۇرمۇشى قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان شەھەر ـ بازارلاردىكى يەرلىك نوپۇستىكى ئائىلىلەرنى ۋاقتىدا ۋاقىتلىق تۆۋەن كاپالەت دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، كاپالەتلەندۈرۈشكە تېگىشلىكلىرىنى تولۇق كاپالەتلەندۈرۈش، بىرىنىمۇ چۈشۈرۈپ قويماسلىقنى ئىشقا ئاشۇردى. نۆۋەتتە، ۋاقىتلىق تۆۋەن كاپالەتنى يولغا قويۇپ، 37 مىڭ ئائىلىلىك 99 مىڭ ئادەم قېتىم قۇتقۇزۇپ ـ ياردەم بېرىپ، 44 مىليون 390 مىڭ يۈەن ۋاقىتلىق تۆۋەن كاپالەت مەبلىغى تارقىتىپ، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىغا ئۈنۈملۈك كاپالەتلىك قىلدى.

ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونىمىز ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش يوللىرىنى راۋانلاشتۇرۇپ، يېزا ـ بازار (كوچا باشقارمىلىرى)نىڭ ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش زاپاس فوندى تۈزۈمىنى ئومۇميۈزلۈك ئورنىتىپ، بەلگىلىك دائىرىدە ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشنى بىۋاسىتە يولغا قويۇش ھوقۇقى چېكى بېرىپ، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش رەسمىيىتىنى ئاددىيلاشتۇردى. ئاپتونوم رايونىمىز يەنە ئائىلىسىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىدا باسقۇچلۇق، ۋاقىتلىق قىيىنچىلىقلار ساقلىنىپ، يەنىلا قايتا نامراتلىشىپ كېتىش، نامراتلىشىپ كېتىش خەۋپى بارلار ياكى ئائىلىسىدە ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بارلارنى ۋاقتىدا ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش دائىرىسىگە كىرگۈزدى. نۆۋەتتە، 1 مىليون 200 مىڭ ئادەم قېتىم ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىشنى يولغا قويۇپ، 230 مىليون يۈەن ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش مەبلىغى (ماددىي بۇيۇمغا سۇندۇرۇلغانلىرىنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ) تارقاتتى.

تۈرلۈك قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش سىياسەتلىرىنىڭ جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئاپتونوم رايونلۇق خەلق ئىشلىرى نازارىتى تەشەببۇسكارلىق بىلەن بايقاش، ۋاقتىدا دوكلات قىلىش مېخانىزمىنى ئورنىتىپ، تاكامۇللاشتۇرۇپ، خەلق ئىشلىرى خەلققە قولاي مۇلازىمەت ئەترىتى قۇرۇپ، ئائىلىلەرگە كىرىپ زىيارەت قىلىش، ئىشىك ئالدىغىچە مۇلازىمەت قىلىشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، قاراشقا ۋە ھالىدىن خەۋەر ئېلىشقا ئېھتىياجى بار تارقاق بېقىلىۋاتقان ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلار، ئۆيدە تۇرۇۋاتقان قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلار، مېيىپلەر، بالىلار قاتارلىق قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى ۋاقتىدا ئىگىلەپ، ئۇلارنى يوقلاپ، ئۇلاردىن ھال سوراپ، تۇرمۇشىغا كۆڭۈل بۆلۈش، پسىخىكىسىغا ئەھمىيەت بېرىشنى ياخشى ئىشلەپ، كونكرېت قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشىغا ياردەم بەردى. ئىستاتىستىكىغا ئاساسلانغاندا، نۆۋەتتە تارقاق بېقىلىۋاتقان ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلار، ئۆيدە تۇرۇۋاتقان قىيىنچىلىقى بار ياشانغانلار، مېيىپلەر قاتارلىقلارغا قارىتا 22 مىڭ ئادەم قېتىم ھالىدىن خەۋەر ئېلىش، پەرۋىش قىلىشنى يولغا قويغان.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئالغا سىلجىتىش قايتا ئورۇنلاشتۇرۇلدى، قايتا تەكىتلەندى، قايتا ئورۇنلاشتۇرما قىلىندى. ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى، ئاپتونوم رايونلۇق يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتى قوماندانلىق ئىشتابىنىڭ قوماندانى لى پېڭشىن يىغىندا رىياسەتچىلىك قىلدى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ھەرقايسى جايلار، ھەرقايسى تارماقلار «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، ھەقىقىي تۈردە ئىدىيە ۋە ھەرىكىتىنى يولداش شى جىنپىڭ يادرولۇقىدىكى پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ تەدبىر ـ ئورۇنلاشتۇرمىلىرىغا بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ خىزمەت تەلەپىگە بىرلىككە كەلتۈرۈپ، سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئىچكى جەھەتتە قايتا كۆرۈلۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىش خىزمىتىنى ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن دائىملاشتۇرۇپ ياخشى تۇتۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەپ، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە ئومۇميۈزلۈك غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتا ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى، جەمئىيەت چوڭ ۋەزىيىتىنىڭ مۇقىملىقىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار كۆرسىتىلدى: سىرتتىن كىرىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى بوشاشتۇرماسلىقنى چىڭ كۆزلەپ، «ئۈچ مۇداپىئە سېپى»نى قەتئىي ياخشى ساقلاپ، چېگرا پورتلىرى، نۇقتىلىق مەيدان ـ سورۇنلار، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىدا دەل جايىدا ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشنى كۈچەيتىپ، «چېگرا سىرتى»دىن «دۆلەت دەرۋازىسى»غىچە، يەنە «قورۇ دەرۋازىسى»غىچە بولغان پۈتۈن زەنجىرلىك يېپىق ھالقىسىمان باشقۇرۇشنى ياخشى ئىشلەپ، يۇقۇمنىڭ كىرىش خەۋپىنى ئەڭ تۆۋەن چەككە چۈشۈرۈش كېرەك. چېگرا پورتلىرىدا دۆلەت دەرۋازىسىنى نۇقتىلىق ياخشى ساقلاپ، ئوخشاش بولمىغان لايىھە دەرىجە ئايرىمىسى بويىچە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش دەسلەپكى لايىھە سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، جەڭ ۋاقتىدىكى مەسئۇلىيەت سىستېمىسىنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش لايىھەسىنىڭ ھەرقايسى دەرىجە ئايرىمىلىرى، ھەرقايسى تەرتىپلىرى، ھەرقايسى ھالقىلىرىنىڭ يوچۇقسىز جىپسلىشىشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. تەدبىرنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شىنجاڭغا كىرىش چوڭ دەرۋازىسىنى ياخشى ساقلاپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نەتىجىلىرىنى سىجىل مۇستەھكەملەش كېرەك. مەھەللە، ئورۇن، قورۇلارنىڭ دەرۋازىلىرىنى ئىلگىرىكىدەكلا ياخشى ساقلاپ، تەۋەلىك مەسئۇلىيىتىنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، مەھەللە، ئورۇنلارنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، مەھەللە، ئورۇنلاردىكى تارقىلىش خەۋپ ـ خەتىرىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. نۇقتىلىق تارماق ـ ئورۇنلار، نۇقتىلىق كىشىلەر توپىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتى ۋە داۋالاش ئاپپاراتلىرىنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەسئۇلىيىتىنى ياخشى تۇتۇپ، ھەرقايسى ساھەلەرنىڭ يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تېخنىكا كۆرسەتمىسى تەلىپىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ۋاقتىدا بايقاش، تېز بىر تەرەپ قىلىش، دەل جايىدا باشقۇرۇش ـ تىزگىنلەش، ئۈنۈملۈك قۇتقۇزۇش ـ داۋالاشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەلەپ قىلىندى: «ئالدى بىلەن يېزىلاردا، كېيىن شەھەرلەردە» بولۇش تەلىپى بويىچە، تەۋەلىك بويىچە باشقۇرۇش، بىرتۇتاش پىلانلاپ ئورۇنلاشتۇرۇش، «بىر يەسلىدە بىر لايىھە، بىر خىزمەت گۇرۇپپىسى بولۇش»تا چىڭ تۇرۇپ، يەسلىلەرنى مۇۋاپىق ۋاقىت ئارىلىقى قالدۇرۇپ تەرتىپلىك ئېچىشنى پۇختا، تەرتىپلىك ئالغا سىلجىتىپ، ئورۇنلاشتۇرۇش، ئورۇنلاشتۇرما قىلىش جايىدا بولۇش، لايىھە تۈزۈش جايىدا بولۇش، ساغلاملىقنى كۆزىتىپ ئۆلچەش جايىدا بولۇش، تازىلىق، پاكىزلىقى جايىدا بولۇش، ماددىي ئەشيا كاپالىتى جايىدا بولۇش، ئوقۇتۇش تەييارلىقى جايىدا بولۇش، ھەيدەكچىلىك ـ يېتەكچىلىك جايىدا بولۇش، بىخەتەرلىكنى باشقۇرۇش جايىدا بولۇش، مەسئۇلىيەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈش جايىدا بولۇشنى ئىشقا ئاشۇرۇپ، يەسلىلەردە ئوقۇش باشلاپ دەرسنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشتە ھېچقانداق چاتاق چىقماسلىققا، مۇتلەق بىخەتەر بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك.

يىغىندا مۇنداق تەكىتلەندى: ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى نۇقتىلىق خىزمەتلەرنى بىرتۇتاش پىلانلاپ ياخشى ئىشلەپ، مۇھىم، زور تۈر قۇرۇلۇشلىرىنى پۇختا ئالغا سىلجىتىپ، بازار سۇبيېكتلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى قوللاپ، ئىقتىسادنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە قەتئىي غەلىبە قىلىپ، خەلق تۇرمۇشىنى ئۈزلۈكسىز كاپالەتلەندۈرۈپ ۋە ياخشىلاپ، تىرىشىپ كىرىزىس ئىچىدە يېڭى پۇرسەت تېپىش، ئۆزگىرىش ئىچىدە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىش كېرەك.

ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن تيەن ۋېن، جاۋ چىڭ، ۋاڭ مىڭشەن، مەڭلىك سىيىت، ۋەن خەيچۈەن، ياڭ يۈڭ يىغىنغا قاتناشتى.

---

# شىنجاڭ كۆپ تەدبىر قوللىنىپ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىگە كۈچ قوشتى

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 6 ـ ئاينىڭ 2 ـ كۈنى تېلېگراممىسى (مۇخبىر ئاينۇر)** ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىنى قوللاش ئۈچۈن، شىنجاڭ بۇ يىلدىن بۇيان كۆپ تۈرلۈك ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى سۈرۈش تەدبىرىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئېلان قىلىپ، ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياردەم تولۇقلىمىسى، ئىگىلىك تىكلەش قەرز پۇلى، بۇلۇت تەكلىپ قىلىش قاتارلىق سىياسەت «پايدىسى» ئارقىلىق ئوقۇش پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەش يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتتى.

مۇخبىرنىڭ شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىدىن ئەڭ يېڭى ئىگىلىشىچە، بۇ يىل شىنجاڭدا ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ كۆلىمى تەخمىنەن 89 مىڭ 300 نەپەر بولۇپ، ئاپتونوم رايون مەخسۇس سىياسەت چىقىرىپ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياردەم تولۇقلىمىسى سىياسىتىنى ئەمەلىيلەشتۈرگەن، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى قوبۇل قىلىپ ئىشلەتكەن تۈرلۈك كارخانىلار ئەمەلىي تاپشۇرغان ئاساسىي كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، ئاساسىي داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئىشسىزلىق سۇغۇرتىسى ھەققىنىڭ يىغىندىسى بويىچە مۇناسىپ ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ياردەم تولۇقلىمىسىغا ئېرىشەلەيدىكەن، مۇددىتى ئۈچ يىل بولىدىكەن.

شۇنىڭ بىلەن بىللە، شىنجاڭ كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ باجنى كېمەيتىش ـ ھەقنى تۆۋەنلىتىش، ئىگىلىك تىكلەش بويىچە تەربىيەلەش ياردەم تولۇقلىمىسى بېرىش قاتارلىق يۆلەش سىياسەتلىرىنى كۈچەپ ئالغا سىلجىتىپ، «ئالىي مەكتەپ ئوقۇغۇچىلىرىنى ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلەش پىلانى»نى يولغا قويدى. ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر ئىگىلىك تىكلىگەن جايدا 150 مىڭ يۈەندىن ئاشمىغان ئىگىلىك تىكلەش كېپىللىك قەرز پۇلى ئىلتىماس قىلسا بولىدۇ. شىنجاڭ يەنە سىياسەت ئارقىلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنى زامانىۋى تېرىقچىلىق، يېزا ئىگىلىك تېخنىكىسى، يېزا ئىگىلىك مەھسۇلاتلىرىنى پىششىقلاش، يېزا ئېلېكترونلۇق سودىسى قاتارلىق يېزىلاردىكى يېڭى گۈللىنىۋاتقان ساھەلەردە ئىشقا ئورۇنلىشىش، ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلەيدۇ، رىغبەتلەندۈرىدۇ.

يېڭى تىپتىكى تاجسىمان ۋىرۇسلۇق ئۆپكە ياللۇغى يۇقۇمىنىڭ پايدىسىز تەسىرىگە قارىتا، شىنجاڭ كۆپ مەيدان توردا «بۇلۇت تەكلىپ قىلىش» پائالىيىتىنى تەشكىللەپ، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش ھېساباتى دەپتىرى تۇرغۇزۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئۇچۇرلىرىنى دەل جايىدا يەتكۈزۈش، قىسقىچە تەرجىمىھالىنى تۈزىتىش ۋە يۈزتۇرا ئىمتىھان ماھارىتى بىلەن تەمىنلەش، كېلىشىم ئىمزالاش قاتارلىق «بۇلۇت مۇلازىمىتى» بىلەن تەمىنلىدى. ئاپتونوم رايونلۇق ئادەم كۈچى بايلىقى ۋە ئىجتىمائىي كاپالەت نازارىتىنىڭ ئىستاتىستىكا قىلىشىچە، 5 ـ ئاينىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭ 341 قېتىم تور مەخسۇس تەكلىپ قىلىش يىغىنى تەشكىللىگەن، ئادەم ئىشلەتكۈچى 7333 ئورۇن توردا تەكلىپ قىلىشقا قاتناشقان، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر تور ئارقىلىق 23 مىڭغا يېقىن ئىشقا ئورۇنلىشىش كېلىشىمى ئىمزالىغان.

كېيىنكى قەدەمدە، شىنجاڭ ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش پىلانى، ئاساسىي قاتلامدا ئۆسۈپ يېتىلىش پىلانى، «ئۈچنى قوللاش، بىرنى يۆلەش» پىلانى، 10 مىڭ ياش پراكتىكا پىلانى ۋە ياشلار ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ئاتلىنىش پىلانىنى سىجىل يولغا قويۇپ، بىر قاتار يۆلەش سىياسەتلىرى ئارقىلىق ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىگە كۈچ قوشىدۇ.

---

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش پارتىيە گۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، رەئىس نۇرلان ئەبىلمەجىن يىغىنغا قاتناشتى ھەم سۆز قىلدى.

يىغىندا مۇنداق كۆرسىتىلدى: پۈتۈن ئاپتونوم رايوندىكى ھەر دەرىجىلىك سىياسىي كېڭەش، سىياسىي كېڭەشكە قاتناشقان ھەرقايسى ئورۇنلار ۋە ھەر مىللەت، ھەر ساھە ئەزالىرى شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى يېتەكچى قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، «تۆت ئاڭ»نى كۈچەيتىپ، «تۆت ئىشەنچ»نى چىڭىتىپ، «ئىككىنى قوغداش»نى ئىشقا ئاشۇرۇپ، باش شۇجى شى جىنپىڭنىڭ مۇھىم سۆزلىرى ۋە مەملىكەتلىك ئىككى يىغىن روھىنى ياخشى ئۆگىنىش، ياخشى تەشۋىق قىلىش، ياخشى ئىزچىللاشتۇرۇشنى ھازىرقى ۋە بۇنىڭدىن كېيىنكى بىر مەزگىللىك مۇھىم، زور سىياسىي ۋەزىپە قىلىپ، كۆڭۈل قويۇپ ئۆگىنىپ، ھېسسىيات بىلەن سۆزلەپ، كۈچەپ ئىشلەپ، باش شۇجىنىڭ مۇھىم سۆزلىرىنىڭ روھىنى ھەقىقىي تۈردە سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ يۇقىرى سۈپەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىدىغان قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچى كۈچكە ئايلاندۇرۇپ، مەسئۇلىيەتنى ئادا قىلىشنى ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈشنىڭ يېڭى نەتىجە ـ ئۈنۈمى ئارقىلىق يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرىنىڭ شىنجاڭ تۇپرىقىدا ئەمەلىيلىشىشى يىلتىز تارتىشىغا تۈرتكە بولۇشى كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: دىققەتنى يېڭى دەۋردىكى پارتىيەنىڭ شىنجاڭنى ئىدارە قىلىش تەدبىرى، بولۇپمۇ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانىغا مەركەزلەشتۈرۈپ، ئاپتونوم رايونلۇق پارتىيە كومىتېتىنىڭ نۇقتىلىق خىزمەتلىرىنى چۆرىدەپ، دەل جايىدا ھاكىمىيەت ئىشلىرىنى مۇھاكىمە قىلىپ چارە ـ تەدبىر كۆرسىتىش، تاماملاش جېڭىگە كۈچ قوشۇش جەھەتتە كۈچ سەرپ قىلىپ، ئىشەنچ ۋە ئىرادىنى چىڭىتىش، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەش جەھەتتە خىزمەت ئىشلەپ، شەكىل، ئۇسۇلدا يېڭىلىق يارىتىش، خىزمەت سۈپىتىنى ئۆستۈرۈش جەھەتتە ئەمەلىي ئۈنۈمنى كۆزلەش كېرەك. دائىملاشقان يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ئاخىرىدىمۇ باشتىكىدەكلا ئېھتىياتچانلىق بىلەن ياخشى ئىشلەپ، مەسئۇلىيەتنى دادىل زىممىگە ئېلىپ، ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولۇپ، «ئالتىنى مۇقىملاشتۇرۇش» خىزمىتىنى پۇختا، ياخشى ئىشلەش، «ئالتىگە كاپالەتلىك قىلىش» ۋەزىپىسىنى ئومۇميۈزلۈك ئەمەلىيلەشتۈرۈش ئۈچۈن ھەقىقىي تەكلىپ بېرىش، ياخشى تەدبىر بەلگىلەش، ئەمەلىي چارە كۆرسىتىش كېرەك؛ بىرلا غەيرەتكە كېلىپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىش جېڭىدە غەلىبە قىلىشقا كۈچ قوشۇپ، قەلب ۋە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، جەمئىيەت ئىناقلىقى، مۇقىملىقنى قوغداش كېرەك.

يىغىندا مۇنۇلار تەكىتلەندى: ئاساسنى مۇستەھكەملەپ، ئۇلنى چىڭىتىپ، توغرا يولدا چىڭ تۇرۇپ يېڭىلىق يارىتىپ، يېڭى دەۋردىكى شىنجاڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىنىڭ دەۋر بىلەن تەڭ ئىلگىرىلىشى، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، ئۈنۈمىنى ئاشۇرۇشىغا تۈرتكە بولۇش كېرەك. «ئىككىنى قوغداش»نى ئەمەلىيەتتە كۆرسىتىپ، پارتىيەنىڭ سىياسىي كېڭەش خىزمىتىگە بولغان ئومۇميۈزلۈك رەھبەرلىكىدىن ئىبارەت بۇ تۈپ سىياسىي پرىنسىپقا باشتىن ـ ئاخىر ئەمەل قىلىش كېرەك؛ نەزەرىيە بىلەن قوراللىنىشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزمدا چىڭ تۇرۇش ۋە ئۇنى راۋاجلاندۇرۇشنى ئاساسىي ئوق قىلغان بۇ ئورتاق ئىدىيەۋى ـ سىياسىي ئاساسنى مۇستەھكەملەش كېرەك؛ خاراكتېرى، ئورنىنى بەلگىلەشتە چىڭ تۇرۇپ، «كېڭەشىش»تىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي مەسئۇلىيەت، ئاساسىي كەسپنى ئىنچىكە، پۇختا ئىشلەش كېرەك؛ سىجىل قوش يۆنىلىشلىك كۈچەپ، ئىدىيەۋى ـ سىياسىي يېتەكچىلىكنى كۈچەيتىش، ئورتاق تونۇشنى كەڭ دائىرىدە مۇجەسسەملەشتىن ئىبارەت بۇ مەركىزىي ھالقىنى پۇختا ئىگىلەش كېرەك؛ پائال، تەشەببۇسكارلىق بىلەن نەتىجە يارىتىپ، ئەزالارنىڭ مەسئۇلىيىتىنى دادىل زىممىسىگە ئېلىشىدىن ئىبارەت بۇ ئاساسىي كاپالەتنى ئۈزلۈكسىز كۈچەيتىش كېرەك. توختىماي ئالغا بېسىپ، جاسارەت بىلەن ئىلگىرىلەپ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ يېڭى غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرۈش، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكىلىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش، ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسەت ۋە كۈچ قوشۇش كېرەك.

يىغىن ناھىيە، شەھەر دەرىجىلىككىچە ئېچىلدى. ئاپتونوم رايونلۇق سىياسىي كېڭەش رەھبەرلىرىدىن چېڭ جېنشەن، جۈرئەت ئىمىن، ماغاۋ سېيىتقامزا، جاڭ بو، مۇتەللىپ ئوبۇل، كۇڭ شىڭلۇڭ، دوۋ ۋەنگۈي، چيۇ شۇخۇا، ياڭ يۇڭ، ئىلھام سابىر، ما شيۇڭچېڭ، ئابدۇرېقىپ تۆمۈرنىياز يىغىنغا قاتناشتى.